ئاتا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-روييۇڭ سامان بولماس.

1991
يىل
5
ئوكتەبىر
شەنبە
№119
(3450)

باھاسى
4 تىيىن

# يېڭى ھايات

گېزىت 1970-يىلى 1-يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ. ھەپتىسىگە ئۈچ قېتىم سېشەنبە، پەيشەنبە شەنبە كۈنلىرى چىقىدۇ.

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي-سەياسىي گېزىت «ئۇيغۇر ئاۋازى»نىڭ قوشۇمچىسى.

## كوسموناۋتلارنىڭ تەرجىمھال سەھىپىسى

### ۋولكوۋ ئالېكساندر ئالېكساندروۋىچ

كېڭەش ئىتتىپاقىنىڭ قەھرىمانى، سسسرنىڭ ئۇچقۇچ-كوسموناۋتى ئالېكساندر ئالېكساندروۋىچ ۋولكوۋ 1948-يىلى 27-مايدا دونېتسك ۋىلايىتىنىڭ گورلوۋكا شەھىرىدە تۇغۇلدى.

1970-يىلى ئىككى قېتىم كېڭەش ئىتتىپاقىنىڭ قەھرىمانى س. ئى. گرىتسېۋېتس نامىدىكى خاركوۋ ئۇچقۇچلارنى تەييارلايدىغان ئالىي ھەربىي ئاۋىئاتسىيە ئۇچىلىشىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن ھەربىي-ھاۋا كۈچلىرىدە ئۇچقۇچ-ئىنستىرۇكتور بولۇپ ئىشلىدى. «بىرىنچى كلاسسلىق ھەربىي ئۇچقۇچ» ۋە «ئىككىنچى كلاسسلىق ئۇچقۇچ سىنىغۇچى» كۋالىفىكاتسىيەلىرىگە ئىگە.

ئالېكساندر ۋولكوۋ كائىناتقا ئىككى قېتىم ئۇچتى. بىرىنچى قېتىم 1985-يىلى «ساليۇت-7» ئوربىتال ستانسىيەسىدە كوسموناۋت تەتقىقاتچى سۈپىتىدە، 1988-1989-يىللاردا ئىككىنچى قېتىم ئۇچقان ۋاقتىدا ئۇ كېڭەش-فرانسىيە ئېكىپاژىنىڭ ۋە «مىر» ستانسىيەسىدە تۆرتىنچى ئاساسىي ئېكسپېدىتسىيەنىڭ كوماندىرى بولدى. ئۇنىڭغا «ئىككىنچى كلاسسلىق كوسموناۋت» كۋالىفىكاتسىيەسى بېرىلدى.

### ئەۋبەكىروۋ توختار ئۆڭغارباي ئوغلى

كېڭەش ئىتتىپاقىنىڭ قەھرىمانى توختار ئۆڭغارباي ئوغلى ئەۋبەكىروۋ 1946-يىلى 27-ئىيۇلدا قاراغاندا ۋىلايىتى قارقارالى ناھىيەسى 1-ماي نامىدىكى كولخوز پوسيولكىسىدا تۇغۇلدى.

ئەمگەك پائالىيىتىنى 15 يېشىدىن باشلىدى، تېمىرتاۋ پولات قۇيۇش مېخانىكا زاۋۇتىدا توكار بولۇپ ئىشلەش بىلەن بىللە كەچكى مەكتەپتە ئوقۇدى. 1969-يىلى قىزىل تۇغ ئوردېنلىق ئارماۋىر ھاۋا ھۇجۇمىغا قارشى مۇداپىئە ئۇچقۇچىلىرىنى تەييارلايدىغان ئالىي ھەربىي ئۇچىلىشىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن ھەربىي-ھاۋا كۈچلىرىدە خىزمەت قىلدى.

ئۇچقۇچ سىنىغۇچىلار مەكتىپىنى تاماملىغاندىن كېيىن 1976-يىلدىن باشلاپ توختار ئۆڭغارباي ئوغلى سىناق ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئىشلەش ۋاقتىدا ساموليوتلارنىڭ 50تىن ئوشۇق تۈرىنى ئوزلەشتۈردى.

1979-يىلى ئاساسىي ئىشىدىن قول ئۈزمەي سېرگو ئوردژونىكىدزې نامىدىكى موسكۋا ئاۋىئاتسىيە ئىنستىتۇتىنى تاماملىدى.

1990-يىلى ئۇنىڭغا «سسسرنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەن ئۇچقۇچ سىنىغۇچىسى» پەخرىي نامى بېرىلدى.

1991-يىلى يۇ. ئا. گاگارىن نامىدىكى كوسموناۋتلارنى تەييارلاش مەركىزىدە مەشقلەرگە كىرىشتى. خەلقئارا كېڭەش-ئاۋسترىيە ئېكىپاژىنىڭ كوسموناۋت-تەتقىقاتچىسى سۈپىتىدە «سويۇز-تم» كېمىسىدە ۋە «مىر» ئوربىتال كومپلېكسىدا ئۇچۇشقا تەييارلىق كۇرسىنى ئۆتتى.

### فرانس فىبېك

ئاۋسترىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقراسى فرانس فىبېك 1960-يىلى 24-ئاۋغۇستتا ۋېنادا تۇغۇلدى.

1985-يىلى ۋېنا تېخنىكىلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئېلېكترو تېخنىكا فاكۇلتېتىنى تاماملىغاندىن كېيىن ئېلېكترونىكا ئىنستىتۇتىدا ئىشلىدى. ئالتە يېۋروپا تىلىنى بىلىدۇ.

1990-يىلى يانۋاردا فرانس فىبېك يۇ. ئا. گاگارىن نامىدىكى كوسموناۋتلارنى تەييارلاش مەركىزىدە مەشقلەرگە كىرىشتى. خەلقئارا كېڭەش-ئاۋسترىيە ئېكىپاژىنىڭ كوسموناۋت تەتقىقاتچىسى سۈپىتىدە «سويۇز-تم» كېمىسىدە ۋە «مىر» ئوربىتال كومپلېكسىدا ئۇچۇشقا تەييارلىق كۇرسىنى ئۆتتى.



سۈرەتتە: ئوڭدىن سولغا ئىنژېنېر-ئېلېكترىك فرانس فىبېك، پولكوۋنىك ئالېكساندر ۋولكوۋ ۋە ئۇچقۇچ سىنىغۇچى توختار ئەۋبەكىروۋ.

### كېڭەش-ئاۋسترىيە ئېكىپاژى ئۇچۇرۇلدى

بايقوڭۇر كوسمودرومى. بۈگۈن موسكۋا ۋاقتى بويىچە سائات 7دىن 59 مىنۇت 30 سېكۇنت ئۆتكەندە بورتىدا كېڭەش-ئاۋسترىيە ئېكىپاژى بار «سويۇز-تم-13» ترانسپورت كېمىسى ئۇچۇرۇلدى. كېمىنى پولكوۋنىك ئالېكساندر ۋولكوۋ باشقۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ كائىناتقا ئىككى قېتىم ئۇچقان. بورتتا كوسموناۋت-تەتقىقاتچىلار ئاۋسترىيە ۋە قازاقستان ۋەكىللىرى: ئىنژېنېر-ئېلېكترىك فرانس فىبېك، ئاتاقلىق ئۇچقۇچ-سىنىغۇچى توختار ئەۋبەكىروۋ بار.

كوسموس كېمىسىنى ئۇچۇرۇشقا ئىۋان سىلايېۋ، نۇرسۇلتان نازارباييېۋ، ئاۋسترىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ كانسلېرى فرانس ۋرانىتسكى، مەملىكىتىنىڭ سۈۋېرېن جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشتى.

ئۇچۇش ئالدىدىكى دەقىقىلەر.









قازاقستان ۋە ئاۋسترىيە رەھبەرلىرىنىڭ «سويۇز-تم-13» كائىنات كېمىسى ئېكىپاژى بىلەن سۆھبىتى.
(قاز تاگنىڭ سۈرەتلىرى).

ئاتا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى -رويۇڭ سامان بولماس.

1991 يىل
10 ئوكتەبر
پەيشەنبە
№121
(3453)

باھاسى 4 تىيىن


# يېڭى ھايات


گېزىت 1970- يىلى 1- يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ. ھەپتىسىگە ئۈچ قېتىم سېشەنبە، پەيشەنبە شەنبە كۈنلىرى چىقىدۇ.

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي- سەياسىي گېزىت «ئۇيغۇر ئاۋازى»نىڭ قوشۇمچىسى.


## جۇمھۇرىيەت كۈنىگە بېغىشلاندى

4- ئوكتەبر كۈنى م. ئەۋېزوۋ نامىدىكى قازاق دولەت دراما تېاترىدا ئالمۇتا جامائەتچىلىگىنىڭ جۇمھۇرىيەت كۈنىگە بېغىشلانغان تەنتەنىلىك يىغىنى بولۇپ ئۆتتى. ئۇنى شەھەرلىك كېڭەش رەئىسى ز. ق. نۇرقادىلوۋ ئاچتى.

يىغىلغانلار ئالدىدا قازاقستان كسج پرېزىدېنتى ن. ئە. نازاربايېۋ سۆزگە چىقتى. ئۇ جۇمھۇرىيەتتىكى سەياسىي ۋە ئىختىسادىي ۋەزىيەتنى تەرىپلەپ، دولەت سۇۋېرېنىتېتىغا ئىگە بولۇش بىلەن قازاقستاننىڭ خەلق ئارا مەيداندا ئابرويى خېلە ئۆسكەنلىگىنى تەكىتلىدى. جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرىنىڭ دۇنيانىڭ كۆپلىگەن ئەللىرىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن ئۇچرىشىشلىرى، چەت ئەللەرنىڭ تاشقى سەياسىي ئىدارىلىرى باشلىقلىرىنىڭ ۋە تەسىرلىك سەياسىي ئەربابلىرىنىڭ قازاقستانغا سەپەرگە كېلىشى- شۇنىڭ ئىسپاتى. يېۋروپا، ئازىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ سودا- سانائەت دائىرىلىرىنىڭ جۇمھۇرىيىتىمىز بىلەن ئىختىسادىي ھەمكارلىشىشقا قىزىقىشمۇ زۇقۇرى بولماقتا.

1- ئوكتەبر كۈنى ئالمۇتىدا سۇۋېرېن دولەتلەر رەھبەرلىرىنىڭ بولۇپ ئۆتكەن ئۇچرىشىشىنىڭ يەكۈنلىرى كېيىنكى ۋاقىتتا بىر پۈتۈن ئىختىسادىي بىرلەشمىنى قۇرۇشقا قارىتىلغان يولنىڭ ئىشلىنىپ چىقىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىگىنى دەلىللىمەكتە.

لېكىن بارلىق موشۇ مۇۋاپپەقىيەتلەر قازاقستاندا ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ پاراۋەنلىگىگە ھازىرچە ئاز تەسىر قىلىۋاتىدۇ. موجۇت پوتېنسىال ئىمكانىيەتلەرنىڭ رىئال ئىشقا ئايلىنىشى ئۈچۈن تېخى ئۇزۇن ئىشلەش كېرەك.

ن. ئە. نازاربايېۋ «مىر» ستانسىيەسى خەلق ئارا ئېكىپاژىنىڭ قازاقستانلىقلارغا بايرەم مۇناسىۋىتى بىلەن يوللىغان سەممىي تەبرىگىنى يەتكۈزدى. ھازىر خەلق ئارا ئېكىپاژ تەركىۋىدە دەسلەپكى قازاق كوسموناۋتى توختار ئەۋبەكىروۋمۇ كوسموس ۋاختىسىنى ئاتقۇرۇۋاتىدۇ. پرېزىدېنت تېخى يېقىندا كوسموس ئالاقىسى ئارقىلىق ئېكىپاژ بىلەن سوھبەتلەشتى.

تەنتەنىلىك يىغىندا قازاقستان كسج باش مىنىستىرى ئۇ. ق. قارامانوۋ، جۇمھۇرىيەت ئالىي كېڭىشى رەئىسىنىڭ ئورۇنباسارلىرى س. ئە. ئەبدىلدىن ۋە ز. ل. فېدوتوۋا، جۇمھۇرىيەتنىڭ باشقا رەھبەرلىرى، مىنىسترلىكلەر بىلەن ئىدارىلەرنىڭ باشلىقلىرى، پەن، مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ئەربابلىرى قاتناشتى.

يىغىن ئاياقلاشقاندىن كېيىن قازاقستان سەنئەت ماھىرلىرى چوڭ بايرەملىك كونسېرت كۆرسەتتى.

(قاز تاگ).

### پرېزىدېنتنىڭ تەبرىگى

ئالمۇتا كسج ئىچكى ئىشلار مىنىسترلىگىنىڭ ئالىي مىلىتسىيە مەكتىۋى ئېچىلدى. ئۇ جۇمھۇرىيەتتىكى شۇنداق يۆنىلىشتىكى ئىككىنچى ئوقۇش جايى ۋە ئۇنى ئۇيۇشتۇرۇش-زورۇرلۇقى جىنايەتچىلىككە قارشى كۆرەشنى كۈچەيتىش، پۇقرالارنىڭ ئەركىنلىگىنى، شەنىنى ۋە قەدىر- قىممىتىنى، قازاقستاننىڭ كونستىتۇتسىيەلىك تۈزۈمى بىلەن سۇۋېرېنىتېتىنى ھىمايە قىلىش قەتئىي نىيىتىدىن كېلىپ چىققان.

موشۇ ۋاقىئەگە مۇناسىۋەتلىك جۇمھۇرىيەت پرېزىدېنتى ن. نازاربايېۋ 4- ئوكتەبردە موشۇ مەخسۇس ئالىي ئوقۇش جايىنىڭ باشلىغى، پروفېسسور -ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە تىڭشىغۇچىلىرىغا تەبرىك يوللىدى.

(قاز تاگ).

### شەرتنامىنى ئىمزالاۋاتىدۇ

قازاقستان پرېزىدېنتى ن. نازاربايېۋنىڭ مەتبۇئات خىزمىتى بىلدۈرۈش تارقاتتى. ئۇنىڭدا ئىختىسادىي بىرلەشمە توغرىلىق شەرتنامىنى ئىمزالاش جەريانى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي باسقۇچىغا قەدەم تاشلىغانلىغى خەۋەر قىلىنىدۇ. 4- ئوكتەبرگە قەدەر بېلوروس جۇمھۇرىيىتى، ئۆزبەكستان جۇمھۇرىيىتى ۋە قازاقستان كسج رەھبەرلىرى ھۆججەتنى ئىمزالىدى.

ئەڭ يېقىنقى ۋاقىتتا ئۇلارغا روسسىيە قوشۇلۇشى لازىم. نۇرسۇلتان نازاربايېۋ بىلەن تېلېفون ئارقىلىق سوھبەتلەشكەن چاغدا، بورىس يېلتسىن ئالمۇتا ئۇچرىشىشىنىڭ يەكۈنلىرىنى زۇقۇرى باھالىدى ۋە ئۇنىڭدا ئەستىقلەنگەن شەرتنامىسى قوللاپ- قۇۋۋەتلىدى.

(قاز تاگ).

### كسج پرېزىدېنتىنىڭ ۋەكىللىرى تاجىكستاندا

دۇشەنبە. (تاجىكستان تېلېگراف ئاگېنتلىغى-تاس س). سەياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزالىرى، كسج ئالىي كېڭىشىنىڭ ئەزالىرى ئاناتولىي سوبچاك ۋە يېۋگېنىي ۋېلىخوۋ كسج پرېزىدېنتىنىڭ تاپشۇرۇغى بىلەن تاجىكستان پايتەختىدە بولۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ سەپىرىنىڭ مەخسىتى جۇمھۇرىيەتتىكى كېيىنكى ۋاقىئەلەر توغرىلىق تولۇق ۋە ئوبيېكتىۋ ئەخباراتنى ئېلىشتىن ئىجتىمائىي- سەياسىي ۋەزىيەتنى ساغلاملاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت.

پرېزىدېنتنىڭ ۋەكىللىرى دۇشەنبىدە ئوپپوزىتسىيە كۈچلىرى- تاجىكستان دېموكراتىك پارتىيەسى، «راستوخېز» خەلق ھەرىكىتى ۋە رويخەتكە ئېلىنمىغان ئىسلام رىۋاجلىنىش پارتىيەسىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئەپسۇسكى، ئىككى سائەتتىن ئوشۇق زۇرگۈزۈلگەن مۇزاكىرىلەرنىڭ نەتىجىلىرى ژۇرنالىستلارغا مەلۇم بولمىدى، چۈنكى بۇ مۇزاكىرىلەر يېپىق زۇرگۈزۈلدى. ژۇرنالىستلار شۇنداقلا موسكۋا ۋەكىللىرىنىڭ جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىشىمۇ كىرگۈزۈلمىدى. لېكىن، دەپ خەۋەر قىلدى تاجىكستان تېلېگراف ئاگېنتلىغىنىڭ مۇخبىرىغا ئاناتولىي سوبچاك، ئۇ كېيىنرەك مەتبۇئات كونفېرېنسىيەسىنى ئۆتكۈزىدۇ. جۇمھۇرىيەت ئالىي كېڭىشىدىكى يېپىق ئۇچرىشىش ھارپىسىدا ئاناتولىي سوبچاك بىلەن يېۋگېنىي ۋېلىخوۋ ئوزودى مەيداندا ئوپپوزىتسىيە ئۇيۇشتۇرغان مىتىنگىغا قاتناشقۇچىلار ئالدىدا سۆزگە چىقتى؛

## جۇمھۇرىيەت كۈنى تەنتەنىسى











6- ئوكتەبر تارىختا بىرىنچى قېتىم جۇمھۇرىيەت كۈنى بايرىمى بولۇپ كەڭ نىشانلاندى. جۇمھۇرىيەت كۈنى بىپايان قازاقستان دىيارىدا ياشاۋاتقان بارلىق مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ ھەقىقىي مەنادىكى بايرىمىگە ئايلاندى.

سۈرەتلەرنى م. مالىنوۋسكىي چۈشەرگەن.

* *

